بسم الله الرحمن الرحيم


# ئىسلام ئاۋازى

## 16- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)


# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**الله تعالى** مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَا أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلَّا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لَا إِلَٰهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدُونِ**﴾ «(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: <مەندىن باشقا ھېچ مەئبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار> دەپ ۋەھيي قىلدۇق» (سۈرە ئەنبىيا 25- ئايەت).

رۇبۇبىيەت تەۋھىدى بولسا ئۇلۇھىيەت تەۋھىدىنى تەقەززا قىلىدۇ چۈنكى **الله تعالى** نىڭ رۇبۇبىيىتىنى ئىقرار قىلغان كىشى يەككە-يېگانە **الله تعالى** غا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەستىن قۇلچىلىق قىلىشى لازىم چۈنكى مۇشرىكلار يېگانە بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلمايتتى ۋە **الله تعالى** نىڭ شېرىكسىز يەككە-يېگانە ھالەتتە ئىبادەتكە (قۇلچىلىق قىلىنىشقا) ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلاتتى. ئۇلار كۆپ ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلغانىدى، ئۇلار ئاشۇ ئىلاھلارنىڭ ئۆزلىرىنى **الله تعالى** غا يېقىنلاشتۇرىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىشاتتى. ھالبۇكى، ئۇلار شۇ ئىلاھلارنىڭ ھېچبىر پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشاتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق **الله تعالى** ئۇلارنى «مۇئمىنلەر» دەپ ئاتىماستىن بەلكى ئۇلارنى كاپىرلارنىڭ قاتارىدىن قىلدى چۈنكى ئۇلار ئۆز ئىبادەتلىرىدە **الله تعالى** غا باشقىلارنى شېرىك قىلغانىدى شۇڭا كىمكى يارىتىش، رىزىق بېرىش، ئىگىدارچىلىق قىلىش، كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تىرىلدۈرۈش، ئۆلتۈرۈش ۋە بارلىق مۇكەممەللىك سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەنگەن، بارلىق ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاك ۋە ھەممە نەرسە قول ئىلكىدە بولغان بىر پەرۋەردىگار بولىدىكەن ئۇنداقتا ئەنە شۇ پەرۋەردىگارنىڭلا شېرىكسىز يەككە-يېگانە ئىلاھ بولۇشى ۋە بارلىق ئىبادەتلەر (قۇلچىلىقلار)نىڭ پەقەت شۇ پەرۋەردىگارغىلا قىلىنىشى ۋاجىبتۇر.

مانا بۇ تەرەپتىن ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ ئۇلۇھىيەت تەۋھىدى ھەققىدىكى ئېتىقادى باشقىلارنىڭكىدىن پەرقلىقتۇر. ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە «**لا إله إلا الله**»نىڭ مەنىسىنى باشقىلارغا ئوخشاش «**الله** تىن باشقا ياراتقۇچى ۋە رىزىق بەرگۈچى يوق» دەپلا ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «**لا إله إلا الله**» دېگەن شاھادەتنىڭ مەنىسىنى ئەمەلىيەتكە چىقارماي تۇرۇپ تەۋھىدى ئۇلۇھىيە ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ نەزىرىدە «**لا إله إلا الله**»نىڭ مەنىسى «**الله** تىن باشقا ھەقىقىي قۇلچىلىق قىلىنغۇچى يوق» دېگەنلىكتۇر، يەنى **الله** تىن باشقا ھېچكىم ئىبادەتكە (قۇلچىلىق قىلىنىشقا) ھەقلىق ئەمەستۇر. **الله** تىن باشقا قۇلچىلىق قىلىنىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ساختا، باتىل، ناھەق ۋە قانۇنسىز قۇلچىلىق قىلىنغۇچىلاردۇر. دېمەك، ئۇلۇھىيەت تەۋھىدى بولسا ئىبادەتلەرنى (قۇلچىلىقلارنى) يالغۇز **الله** قىلا قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

سوئال: ئىبادەت دېگەن نېمە؟

جاۋاب: ئىبادەت دېگەن مۇسۇلمان بەندە **الله** قا يېقىنلىشىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىجرا قىلىدىغان شەرئىي ئەمەللەردۇر. ئىبادەت بولسا قەلبنىڭ ۋە تىلنىڭ سۆزلىشى، قەلبنىڭ ۋە بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئەمەل قىلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

سوئال: **الله تعالى** غا قىلىنىدىغان ئىبادەت (قۇلچىلىق)نىڭ قوبۇل بولۇشىدىكى شەرت نېمە؟

جاۋاب: يەككە-يېگانە **الله تعالى** غا قىلىنىدىغان ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئىككى شەرت بار:

بىرىنچى شەرت، ئىخلاس. يەنى ئىبادەتنى پەقەت **الله تعالى** نىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا خالىس قىلىش. **الله تعالى** مۇنداق دېگەن: ﴿**قُلِ اللَّهَ أَعْبُدُ مُخْلِصًا لَّهُ دِينِي**﴾ «ئېيتقىنكى: <دىنىمنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا **الله** قا ئىبادەت قىلىمەن>» (سۈرە زۇمەر 14- ئايەت).

ئىككىنچى شەرت، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگىشىش. يەنى **الله تعالى** غا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بەلگىلەپ بەرگىنى بويىچە ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭ ھەرقانداق بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىش ۋە ھەرقانداق خەۋىرىنى تەستىقلاشتۇر. ئىبادەتنى ئورۇن، ۋاقىت ۋە شەكىل جەھەتتە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەمرىگە مۇۋاپىقلاشقان ھالدا قىلىش ۋە ئۇنىڭ چەكلىمىلىرىدىن يىراق تۇرۇش، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ غەيرىگە ھۆكۈم قىلدۇرماسلىق ۋە ئۇنىڭ غەيرىنىڭ ھۆكۈمىگە رازى بولماسلىقتۇر. **الله تعالى** مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانتَهُوا وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ**﴾ «پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، **الله** تىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن **الله** نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر» (سۈرە ھەشر 7- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئىبادەت (قۇلچىلىق)نى يەككە-يېگانە **الله تعالى** غىلا قىلىش، ئۇنىڭغا باش ئېگىش، ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈش — «**لا إله إلا الله**» دېگەن شاھادەت (گۇۋاھلىق)نى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقتۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىگە (يولىغا) ئەگىشىش، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ۋە چەكلىمىسىگە مۇتلەق بويسۇنۇش — «**محمد رسول الله**» دېگەن شاھادەت (گۇۋاھلىق)نى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقتۇر.

(**الله** خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# بولاقتىن تامچە

**الله تعالى** مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَلَمْ تَقْتُلُوهُمْ وَلَٰكِنَّ اللَّهَ قَتَلَهُمْ وَمَا رَمَيْتَ إِذْ رَمَيْتَ وَلَٰكِنَّ اللَّهَ رَمَىٰ وَلِيُبْلِيَ الْمُؤْمِنِينَ مِنْهُ بَلَاءً حَسَنًا إِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ**﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«(ئى مۇسۇلمانلار! بەدردە) ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر (ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن) ئۆلتۈرگىنىڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى (سىلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىش بىلەن) **الله** ئۆلتۈردى، (ئى مۇھەممەد، بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى (مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە) **الله** ئاتتى. (**الله** نىڭ مۇنداق قىلىشى) مۇئمىنلەرگە (ساۋاب، غەلىبە، غەنىيمەتلەردىن ئىبارەت) چىرايلىق ئىنئاملارنى ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئىدى. **الله** ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى، ئەھۋاللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» (سۈرە ئەنفال 17- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

ئىبنى كەسىر **رحمه الله** بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: [**الله تعالى** بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى، ئۇلاردىن سادىر بولغان بارلىق ياخشى ئىشلاردا ئۆزىنىڭ مەدھىيىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ چۈنكى ئۇلارنى شۇ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا **الله** مۇۋەپپەق قىلغان ۋە ياردەم بەرگەن شۇڭلاشقا **الله تعالى** مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَلَمْ تَقْتُلُوهُمْ وَلَٰكِنَّ اللَّهَ قَتَلَهُمْ**﴾ «(ئى مۇسۇلمانلار! بەدردە) ئۇلارنى (يەنى مۇشرىكلارني) سىلەر (ئۆز كۈچۈڭلار بىلەن) ئۆلتۈرگىنىڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى (سىلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا قىلىش بىلەن) **الله** ئۆلتۈردى». يەنى، سىلەر سان جەھەتتە ئاز تۇرۇقلۇق سىلەردىن سان جەھەتتە كۆپ بولغان دۈشمەنلىرىڭلارنى ئۆز كۈچ-قۇۋۋىتىڭلارغا تايىنىپ ئۆلتۈرمىدىڭلار بەلكى **الله** سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇردى. **الله تعالى** بۇ ھەقتە يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَقَدْ نَصَرَكُمُ اللَّهُ بِبَدْرٍ وَأَنتُمْ أَذِلَّةٌ فَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ**﴾ «**الله** سىلەرگە بەدردە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ھالبۇكى سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (سانىڭلار ۋە قوراللىڭلار ئاز ئىدى)» (سۈرە ئال ئىمران 123- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

**الله تعالى** يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**لَقَدْ نَصَرَكُمُ اللَّهُ فِي مَوَاطِنَ كَثِيرَةٍ وَيَوْمَ حُنَيْنٍ إِذْ أَعْجَبَتْكُمْ كَثْرَتُكُمْ فَلَمْ تُغْنِ عَنكُمْ شَيْئًا**﴾ «**الله** سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەين كۈنىدە (يەنى ھۇنەين جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى <بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇپ بولمايمىز> دېدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ سانى 4000 ئىدى)، سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى» (سۈرە تەۋبە 25- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئۇلۇغ **الله** يەنە بىر ئايەتتە ياردەم ۋە غەلىبە بولسا ساننىڭ ۋە تەييارلىقنىڭ كۆپلۈكىدە ئەمەسلىكىنى، بەلكى غەلىبە ۋە ياردەمنىڭ پەقەت **الله تعالى** تەرىپىدىن ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قَالَ الَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلَاقُو اللَّهِ كَم مِّن فِئَةٍ قَلِيلَةٍ غَلَبَتْ فِئَةً كَثِيرَةً بِإِذْنِ اللَّهِ وَاللَّهُ مَعَ الصَّابِرِينَ**﴾ «**الله** قا مۇلاقات بولۇشقا ئىشەنچ قىلىدىغانلار: <**الله** نىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائەت كۆپ جامائەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ> دېدى. **الله** چىدامىلىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر» (سۈرە بەقەرە 249- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

**الله تعالى** پەيغەمبىرى مۇھەممەد ﷺ گە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَا رَمَيْتَ إِذْ رَمَيْتَ وَلَٰكِنَّ اللَّهَ رَمَىٰ**﴾ «(ئى مۇھەممەد! بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى (مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە) **الله** ئاتتى». يەنى توپىنى مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە يېتىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان سەن ئەمەس بەلكى **الله** تۇر] («ئىبنى كەسىر تەپسىرى»دىن ئېلىندى).

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئەللامە سەئدى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى شۇكى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇرۇش ۋاقتىدا چېدىرىغا كىرىپ **الله تعالى** غا دۇئا قىلىپ، **الله** تىن نۇسرەت بېرىش توغرىسىدا ئىلتىجا قىلىپ تىلىدى. ئاندىن چېدىرىدىن چىقىپ تۇپراقتىن بىر ئوچۇم ئېلىپ مۇشرىكلارنىڭ يۈزىگە ئاتتى. **الله** تۇپراقنى ئۇلاردىن بىرەر ئادەم قېلىپ قالماي يۈزى، قۇلىقى ۋە كۆزىگە يەتكۈزدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى سۇنۇپ، كۈچى ئاجىزلاشتى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن بوشاپ مەغلۇپ بولدى» («تەپسىر سەئدى»دىن ئېلىندى).

﴿**وَلِيُبْلِيَ الْمُؤْمِنِينَ مِنْهُ بَلَاءً حَسَنًا**﴾ «(**الله** نىڭ مۇنداق قىلىشى) مۇئمىنلەرگە (ساۋاب، غەنىيمەتلەردىن ئىبارەت) چىرايلىق ئىنئاملارنى ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئىدى».

ئىمام تەبەرى ئىبنى ئىسھاقنىڭ بۇ ئايەتكە مۇنداق تەپسىر بەرگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «يەنى **الله** نىڭ مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ سانى ئاز، دۈشمەنلىرىنىڭ سانى كۆپ تۇرۇقلۇق دۈشمەنلىرىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت نېئمەتلىرىنى تونۇتۇشى — ئۇلارنىڭ شۇ ئارقىلىق **الله تعالى** نىڭ ھەققىنى تونۇشى ۋە **الله تعالى** نىڭ بۇ نېئمىتىگە شۈكرى قىلىشى ئۈچۈندۇر».

بۇ ئايەتكە ئەللامە سەئدى مۇنداق تەپسىر بەرگەن: «يەنى **الله سبحانه وتعالى** مۇئمىنلەرگە كاپىرلار ئۈستىدىن ئۇرۇشسىزمۇ ياردەم بېرىشكە قادىردۇر لېكىن **الله تعالى** مۇئمىنلەرنى ئىمتىھان قىلىپ، ئۇلارنى ئۈستۈن دەرىجىگە ۋە بۈيۈك مەرتىۋىلەرگە يەتكۈزۈشنى، ئۇلارغا گۈزەل ئەجىرلەرنى ۋە مول مۇكاپاتلارنى بېرىشنى ئىرادە قىلىدۇ».

﴿**إِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ**﴾ «**الله** ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى، ئەھۋاللىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر».

بۇ ئايەتنى ئىمام تەبەرى مۇنداق تەپسىرلىگەن: «ئى مۇئمىنلەر! ھەقىقەتەن **الله** پەيغەمبىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى ھالاك قىلىشنى **الله** تىن سوراپ قىلغان دۇئاسىنى، ئىلتىجاسىنى ئاڭلىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ۋە بارچە مەخلۇقاتلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغۇچىدۇر، سىلەرگە ۋە بارچە بەندىلەرگە نېمىنىڭ مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلگۈچىدۇر. **الله** تىن قورقۇڭلار، **الله** ۋە **الله** نىڭ ئەلچىسىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىڭلار».

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ النُّعْمَانِ بْنِ بَشِيْرٍ رضي الله عنه قالَ: سمِعْتُ رسولَ الله ﷺ يقولُ: «أَلَا وإنَّ في الجَسَدِ مُضغَةً إذا صَلَحَتْ صَلَحَ الجسَدُ كُلُّهُ وإذا فَسَدَتْ فَسَدَ الجسَدُ كُلُّهُ أَلاَ وَهِيَ القَلْبُ».

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

نوئمان ئىبنى بەشىر **رضي الله عنه** مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، بەدەندە بىر پارچە گۆش بار. ئەگەر ئۇ تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزۈلىدۇ، ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇ بولسىمۇ قەلبتۇر» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسى ھەققىدە ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى **رحمه الله** مۇنداق دەيدۇ: «قەلب شۇنىڭغا (يەنى بەدەننىڭ تۈزۈلۈشى ۋە بۇزۇلۇشىغا) خاس قىلىندى چۈنكى قەلب بەدەننىڭ ئەمىرى بولۇپ، ئەمىرنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى بىلەن پۇقرالار ئىسلاھ قىلىنىدۇ، ئەمىرنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن پۇقرالار بۇزۇلىدۇ. بۇ ھەدىستە قەلبنىڭ رولىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش، ئۇنى ئىسلاھ قىلىشقا قىزىقتۇرۇش ۋە ئەمەلنىڭ ياخشى بولۇشىغا

(ئاخىرى 2- بەتتە)







# جىھاد جەڭلىرى

■ 1- ئاينىڭ 8- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز سۈرىيىنىڭ غۇتە رايونى سەئىسا شەھىرىگە يېقىن بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىغا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ قېتىملىق ھۇجۇمدا ئاۋۋال ھۇجۇمچى گۇرۇپپا باستۇرۇپ بېرىپ تەكشۈرۈش پونكىتىدىكى ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلغان. كېيىن بىر نەپەر قېرىندىشىمىز مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ياردەمگە كەلگەن ياردەمچى قىسمىغا قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 15 كە يېقىن مۇرتەد ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 1- ئاينىڭ 8- كۈنى پەلەستىننىڭ قۇددۇس شەھىرىدە بىرقانچە نەپەر يەھۇدىي ئەسكەر ئاپتوبۇستىن چۈشۈۋاتقاندا، بىر نەپەر فرانسىيىلىك قېرىندىشىمىز ماشىنا ھەيدەپ كېلىپ ئۇلارنى سوققان، نەتىجىدە تۆت نەپەر يەھۇدىي ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان، 18 نەپىرى يارىلانغان. بۇ ئەمەلىيەتتىن كېيىن باشقا ساقچىلار كېلىپ بۇ قېرىندىشىمىزنى شەھىد قىلغان.

■ 1- ئاينىڭ 8- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ پايتەختى كابۇلنىڭ كارتەنۇ رايونىدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بىر نەپەر جاسۇسىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 1- ئاينىڭ 9- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز سۈرىيىنىڭ ھۇمۇس ۋىلايىتىدىكى ئىككى چوڭ بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىغا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە 10 غا يېقىن تاغۇت ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■1- ئاينىڭ10- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ پايتەختى كابۇلدا، ئافغانىستان مۇرتەد ئارمىيىسىنىڭ ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرى ۋە مەسئۇللىرى ئولتۇرغان ماشىنا ئەترىتىگە قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ قېتىملىق ئەمەلىيەت ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتىنىڭ پىدائىيلار گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئاۋۋالقى ئەمەلىيەتتە بىر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز پىدائىيلىق جىلىتكىسىنى پارتلاتقان، نەتىجىدە مۇرتەد ئارمىيىنىڭ 30 غا يېقىن ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرى ۋە مەسئۇللىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان. ئارقىدىن يەنە بىر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز ياردەمگە كەلگەن ئامانلىق قوغداش قىسمى ۋە تېببىي خادىملىرىغا قارشى ئىككىنچى قېتىملىق پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 40 تىن كۆپ ساقچى ۋە ئەسكەرلەر جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 1- ئاينىڭ 11- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى كېنىيىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان ماندىرا شەھىرىدە، كېنىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ماشىنا كارۋىنىغا قارشى مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ماشىنا ئىچىدىكى ئەسكەرلەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 1- ئاينىڭ 12- كۈنى جەبھەتۇ فەتھىششام مۇجاھىدلىرى سۈرىيىنىڭ پايتەختى دەمەشقنىڭ سۇسا رايونىدا رۇس ۋە بەششار ئەسكەرلىرىگە قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە رۇس ئارمىيىسىنىڭ 16 نەپەر ھەربىي مەسلىھەتچىسى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 1- ئاينىڭ 15- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ قېرىيو شەھىرىدىكى مۇرتەد ئەسكەرلەرگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بىرقانچە سائەت قاتتىق ھۇجۇم قىلىش نەتىجىسىدە بۇ شەھەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇجاھىدلار قولىغا ئۆتكەن.

■ 1- ئاينىڭ 16- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ نەنگارھار ۋىلايىتى بەتىكوت رايونىدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە ئۇچقۇچىسىز جاسۇس ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرگەن.

■ 1- ئاينىڭ 17- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ بېرىدى يېزىسىدا كېتىۋاتقان ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ماشىنا ئىچىدىكى ئەسكەرلەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 1- ئاينىڭ 18- كۈنى مالى مۇجاھىدلىرى مالىنىڭ ئەلمىنوسما رايونىدا مالى ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ بىر ئەسكىرىي بازىسىغا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 80 گە يېقىن تاغۇت ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان ۋە 10 نەچچىسى يارىلانغان.

■1- ئاينىڭ18- كۈنى ئافغانىستاننىڭ فەراخ ۋىلايىتىدىكى 200 گە يېقىن تاجاۋۇزچى ئىتالىيە ئەسكەرلىرى فەراخ ۋىلايىتىدىن چېكىنگەن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئىتالىيە ئەسكەرلىرى تۇرۇشلۇق بازىغا كۆپ قېتىم توپ قورال ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ ھۇجۇملاردىن چۆچۈگەن ئىتالىيە ئەسكەرلىرى بۇ جايدىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان.

■ 1- ئاينىڭ 19- كۈنى ئىراننىڭ پايتەختى تېھراندا 17 قەۋەتلىك بىر بىناغا ئوت كەتكەن بولۇپ، بىردەملىك كۈچلۈك ئوتتىن كېيىن مەزكۇر بىنا يەرگە ئۆلتۈرۈشۈپ كەتكەن. نەتىجىدە 50 نەپەر ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغان، 75 نەپەر ئادەم يارىلانغان. ئۆلگەنلەرنىڭ 30 نەپىرى ۋە يارىلانغانلارنىڭ 45 نەپىرى ئوت ئۆچۈرۈش خادىملىرى ئىكەن.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| فَرَّاشٌ | ئائىلە كۈتكۈچىسى | ذَاكَ الْخَادِمُ فَرَّاشٌ | ئاۋۇ خىزمەتچى بولسا ئائىلە كۈتكۈچىسى |
| حَمَّالٌ | يۈك توشۇغۇچى | هَذَا الْحَمَّالُ صَادِقٌ | بۇ يۈك توشۇغۇچى راستچىل |
| دَلَّالٌ | سالاچى | أُولَئِكَ الدَّلَّالُونَ كَاذِبُوْنَ | ئاۋۇ سالاچىلار يالغانچى |
| فَلَّاحٌ | دېھقان | هَذَا الْفَلَّاحُ فَقِيْرٌ | بۇ دېھقان كەمبەغەل |
| مَلَّاحٌ | كېمىچى | ذَاكَ الْمَلَّاحُ مَاهِرٌ | ئاۋۇ كېمىچى ماھىر |
| بَطَّالٌ | ئىشسىز | هَذَا الرَّجُلُ بَطَّالٌ | بۇ كىشى ئىشسىز |
| اَزْهَرُ | ئاپئاق يۈزلۈك | هُوَ اَزْهَرُ | ئۇ ئاپئاق يۈزلۈك |
| زَهْرَاءُ | ئاپئاق يۈزلۈك (ئاياللىق) | هِيَ زَهْرَاءُ | ئۇ ئايال ئاپئاق يۈزلۈك |
| زُهْرٌ | ئاپئاق يۈزلۈكلەر | هُمْ زُهْرٌ | ئۇلار ئاپئاق يۈزلۈك |
| اَسْمَرُ | بۇغداي ئۆڭلۈك | اَنْتَ اَسْمَرُ | سەن بۇغداي ئۆڭلۈك |
| سَمْرَاءُ | بۇغداي ئۆڭلۈك (ئاياللىق) | اِبْنَتُكِ سَمْرَاءُ | سېنىڭ قىزىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك |
| سُمْرٌ | بۇغداي ئۆڭلۈكلەر | اَنْتُمْ سُمْرٌ | سىلەر بۇغداي ئۆڭلۈك |





# خەلىپىنى يىغلاتقان بالا

يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق بىر كۈنى ئىدى. ھەممە ئادەم سايە جاينى تېپىپ دەم ئېلىۋاتاتتى. ناماز ۋاقتىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن خەلىپە ئۆمەر **رضي الله عنه** تاھارەت ئېلىپ مەسجىدكە قاراپ ماڭدى. ئۆمەر **رضي الله عنه** بىر بالىنىڭ ناھايىتى ئالدىراپ مەسجىدكە كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ بالىنىڭ بۇنداق تېز مېڭىشىدا بىرەر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن، ئەگەر بىرەر قىيىنچىلىقى بولسا مەن ھەل قىلىپ بېرىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى ۋە ئۇ بالىدىن:

— بالام، شۇنچە ئالدىراپ نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ بالا خەلىپە ئۆمەر **رضي الله عنه** نى تونۇمايتتى.

— مەسجىدكە ماڭدىم تاغا، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ بالا. خەلىپە ئۆمەر **رضي الله عنه** بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى چۈنكى ئۇ بالا تېخى كىچىك بولۇپ، ناماز ئۇنىڭغا پەرز ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر **رضي الله عنه**:

— بالام، سېنىڭ تېخى يېشىڭ كىچىك، ناماز تېخى ساڭا پەرز بولمىسا نېمىگە بۇنچە ئالدىرايسەن؟ — دېگەنىدى، ئۇ بالا:

— تاغا، تۈنۈگۈن مەھەللىمىزدە يېشى مەندىن كىچىك بىر بالا ۋاپات بولدى. ئۆلۈم ئادەمنى چوڭ-كىچىك دەپ ئايرىمايدىكەن، شۇڭا ھەر ۋاقىت ئۆلۈمگە ھازىرلىق كۆرۈشىمىز لازىمكەن. مۇشۇ كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ نامازغا ئادەتلەنمىسەم كېيىن تەس كېلىشى مۇمكىن، — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان خەلىپە ئۆمەر **رضي الله عنه** نىڭ كۆزىگە ياش كەلدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئى **الله**! بۇ ھەقىقەتەن ئەقىللىق ۋە ياخشى بالا ئىكەن».

# ئائىلىدىكى رېتسېپلار

## زۇكامنى ئائىلىدە داۋالاش

### ئىسسىقتىن بولغان زۇكام

گۆرۈچ، زەنجىۋىل، يۇمغاقسۈت، ئاچچىقسۇ تەييارلىۋالىمىز. ئاندىن زەنجىۋىل ۋە يۇمغاقسۈتنى ئۇششاق توغراپ، گۆرۈچنى مۇۋاپىق سۇغا سېلىپ قاينىتىپ، يۇقىرىدا تەييارلىۋالغان ماتېرىياللارنى سېلىپ، كەينىدىن ئاچچىقسۇ قۇيۇپ، ئىسسىق پېتى ئىچىپ، يۆگىنىپ تەرلىنىدۇ. **الله** شىپالىق بەرسە ئۈگىشلىپ قالىدۇ.

### سوغۇقتىن بولغان زۇكام

زەنجىۋىل، قارا شېكەر، چاينى تەييارلىۋېلىپ، خۇرۇچلارنى پاكىز تازىلاپ، ئۈستىگە مۇۋاپىق سۇ قۇيۇپ قاينىتىپ، قاينىغاندىن كېيىن ئېغىزىنى بەش مىنۇت يېپىپ دۇملەپ، تەمى ياخشى چىققاندا ئىسسىق پېتى ئىچىپ بېرىلسە بولىدۇ.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا **الله تعالى** نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته

(بېشى 1- بەتتە)
قەلبىنىڭ زور تەسىرىنىڭ بار ئىكەنلىكىگە ئىشارەت باردۇر («فتح البارى»دىن ئېلىندى).

بۇ ھەدىسنى ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەپ شەرھىلىدى: «بۇ ھەدىس — قەلبنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا ۋە ئۇنى بۇزىدىغان ئامىللاردىن ھىمايە قىلىشقا تەكىتلىگەن بولۇپ، بۇ ھەدىس ئارقىلىق پەيغەمبەر ﷺ بەدەننىڭ تۈزۈلۈشىنى ۋە بۇزۇلۇشىنى قەلبكە باغلىدى» («شرح المسلم»دىن ئېلىندى).

ھەسەن بەسرى رحمه الله قەلبىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالتە تۈرلۈك ئىشلاردىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «1. تەۋبىنى ئۈمىد قىلىپ تۇرۇپ گۇناھ ئىشلارنى قىلىش؛ 2. ئىلىمنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماسلىق؛ 3. ئەمەلنى ئىخلاس بىلەن قىلماسلىق؛ 4. الله بەرگەن رىزىقنى يەپ تۇرۇپ شۈكرىسىنى ئادا قىلماسلىق؛ 5. الله نىڭ تەقسىماتىغا رازى بولماسلىق؛ 6. كىشىلەرنى دەپنە قىلىپ ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالماسلىق».

ئىبراھىم خەۋۋاس رحمه الله ۋە يەھيا ئىبنى مۇئاز قەلبنى داۋالاش يوللىرىنىڭ 5 تۈرلۈك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «1. قۇرئاننى تەدەببۇر (مۇلاھىزە) ۋە تەپەككۇر بىلەن ئوقۇش؛ 2. قورساقنى تويغۇزۇۋەتمەي ئاچ قويۇش؛ 3. كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇش؛ 4. سەھەر ۋاقتىدا الله قا يېلىنىش؛ 5. ياخشى كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت ۋە سورۇنداش بولۇش».

بۇ ھەقتە سۇفيان سەۋرى مۇنداق دەيدۇ: «قەلبىڭنى ئىسلاھ قىلغىن، الله سىرتىڭنى ئىسلاھ قىلىپ قويىدۇ؛ ئۆزۈڭ بىلەن الله نىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلغىن، الله سەن بىلەن كىشىلەر ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىپ قويىدۇ؛ ئاخىرەتلىكىڭ ئۈچۈن ئەمەل قىلغىن، الله دۇنيا ئىشلىرىڭغا ئۆزى كۇپايە قىلىدۇ؛ دۇنيايىڭنى ئاخىرىتىڭ ئۈچۈن ساتقىن، ئىككىلىسىدىن پايدا تاپىسەن؛ ئاخىرىتىڭنى دۇنياغا ساتمىغىن، ئىككىلىسىدىن زىيان تارتىپ قالىسەن».




## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامانىدىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

3) «ئى رەسۇلۇللاھ! الله تىن قورق! بۇ تەقسىماتتا الله نىڭ رازىلىقى كۆزلەنمىدى، ئادىل بول!» دەپ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يامان گۇمان قىلغان ۋە ئاقساقاللىق قىلغان زۇلخۇۋەيسىرە توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن بۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قۇرئان ئوقۇيدۇ لېكىن ھەلقۇملىرىدىن ئۆتمەيدۇ، خۇددى ئوق ئوۋغا كىرىپ چىقىپ كەتكەندەك ئۇلارمۇ دىنغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ چىقىپ كېتىدۇ» («سەھىھ بۇخارى» 4350- ھەدىس، «سەھىھ مۇسلىم» 1063- ھەدىس).

بۇ ھەدىس توغرىسىدا ئىبنى ھەجەر رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «زۇلخۇۋەيسىرە تەمىمى بولسا خاۋارىجلارنىڭ بېشى بولۇپ، ئۇ نەھرىۋان ۋەقەسى (يەنى ئەلى رضي الله عنه بىلەن خاۋارىجلارنىڭ ئۇرۇشى)دە ئۆلتۈرۈلگەن» («الإصابة» 2- قىسىم 49- بەت).

4) ھەرۇرىيلار ئەلى رضي الله عنه غا: «ھۆكۈم قىلىش پەقەت الله قا خاس!» دەپ ۋارقىرىغاندا ئەلى رضي الله عنه مۇنداق دېگەن: «بۇ باتىل مەقسەت قىلىنغان ھەق كەلىمىدۇر. ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر توپ كىشىلەرنى سۈپەتلەپ بەرگەن بولۇپ، مانا مەن بۇلار (خاۋارىجلار)نىڭ ئىچىدىكى ئۇ كىشىلەرنىڭ سۈپىتىنى ياخشى تونۇيمەن» («سەھى مۇسلىم» 1066- ھەدىس).

### ئىككىنچى، ئاخىرقى زامان خاۋارىجلىرى

بۇلارنى قەدىمكى زامان خاۋارىجلىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان دەلىللەر تۆۋەندىكىچە:

1. پەيغەمبەر ﷺ ئاخىرقى زامان خاۋارىجلىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئاخىرقى زاماندا ياشلىرى كىچىك بىر قەۋم چىقىدۇ» («سەھىھ بۇخارى» 6930- ھەدىس ۋە «سەھىھ مۇسلىم» 2- توم 746- بەت).

بۇ ھەدىستىكى «ياشلىرى كىچىك» دېگەننى رەسۇلۇللاھ ﷺ «ئەقىللىرى گۆدەك» دەپ تەپسىر قىلىپ بەرگەن. بۇ دېگەنلىك — ئىسلام ھەرىكىتى ۋە جىھاد ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخى ۋە تەجرىبىسى كەمچىل، يىراقنى كۆزلىيەلمەيدىغان، پايدا-زىياننى كېسەلمەيدىغان، شەرئىي سىياسەت ئىلمىگە چولتا دېگەن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما قەدىمكى خاۋارىجلار ھەققىدە بولسا ساھابىلەرگە: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن بىر قەۋم چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ نامىزىغا قاراپ ئۆزۈڭلارنىڭكىنى تۆۋەن كۆرۈپ قالىسىلەر» («سەھىھ بۇخارى» 5058- ھەدىس) دەپ خىتاب قىلغان.

2. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاخىرقى زامان خاۋارىجلىرى ھەققىدە: «مەندىن كېيىن يېقىن كەلگۈسىدە ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىن قۇرئان ئوقۇيدىغان لېكىن ھەلقۇملىرىدىن ئۆتمەيدىغان بىر قەۋم چىقىدۇ» دېگەن بولسا، قەدىمكى خاۋارىجلار ھەققىدە زۇلخۇۋەيسىرەنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قۇرئان ئوقۇيدۇ لېكىن ھەلقۇملىرىدىن ئۆتمەيدۇ» دەپ ئەلى رضي الله عنه دەۋرىدە چىقىدىغان خاۋارىجلاردىن خەۋەر بەرگەن.

«ھەلقۇمدىن ئۆتمەيدۇ» دېگىنى — ئۇلارنىڭ قىلغان قۇرئان تىلاۋەت ئەمىلى الله نىڭ دەرگاھىغا ئۆرلىمەيدۇ (يەنى قوبۇل بولمايدۇ) دېگەنلىك بولىدۇ ھەمدە ھەلقۇمدىن قەلبىگە يۆتكەلمەي، ئايەتنىڭ زاھىرىي مەنىسىنى چۈشىنىپ، ئۇنى ئىزاھلايدىغان باشقا ئايەت-ھەدىسلەردىن ئايرىۋېتىدۇ، گويا تاماقنى يەپ ھەزىم قىلمىغانغا ئوخشاش دېگەنلىك بولىدۇ.

3. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن كەلگۈسىدە كۈن چىقىش تەرەپتىن (يەنى مەدىنىنىڭ شەرقى تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان ئىراقنى كۆرسىتىدۇ) بىر قەۋم چىقىدۇ. ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ لېكىن ھەلقۇملىرىدىن ئۆتمەيدۇ. ھەر قاچان ئۇلاردىن بىر تائىپە چىقسا چېپىپ تاشلىنىدۇ (يەنى ئۆلتۈرۈلۈشكە ھەقلىق بولىدۇ). ھەتتاكى ئۇلارنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى ئارىسىدا دەججال مەيدانغا چىقىدۇ» («مۇسنەد» 6952- ھەدىس، ئەھمەد شاكىر «سەھىھ» دېگەن).

دېمەك، بۇ ھەدىستىن ئايان بولدىكى، ھېلىقى ئاستىنقى بىلىكى يوق قارا كىشى توغرىسىدىكى ھەدىس ئەلى رضي الله عنه نىڭ دەۋرىگىلا خاس. چېچى چۈشۈرۈلگەن بولۇش ئالامىتى قەدىمكى خاۋارىجلاردا كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇ ھەدىستە كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى چېچى چۈشۈرۈلۈش كۆرۈنۈشى بولماستىن بەلكى باشقا مۇسۇلمانلاردىن پەرقلىنىپ تۇرۇش تۇيغۇسىدىن كېلىپ چىققان ئۆتكۈنچى ئالامەتتۇر. مۇشۇ تۇيغۇ تۇرتكىسىدىن كەلگۈسىدە چېچى ئۇزۇن بولۇش ياكى چاچلىرىنى چۇشۇرۈۋېتىش ۋە ياكى كىيىملىرى قارا بولۇش ياكى ئاق بولۇش كۆرۈنۈشلىرىنى خاس ئالامەت قىلىۋېلىشلىرى مۇمكىن چۈنكى چاچ چۈشۈرۈش شەرىئەتتە ھارام ئىش ئەمەس.

4. ئىبنى تەيمىيە رحمه الله مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ﷺ خاۋارىجلارنىڭ دەججالنىڭ زامانىسىغىچە چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلار <خاۋارىج> دېگەن ئىسىمنىڭ ئەلى رضي الله عنه بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان خاۋارىجلارغىلا خاس ئەمەسلىكىگە ئىجما (بىرلىك)غا كەلگەن» («مجموع الفتاوى» 28- توم 495- ۋە 496- بەتلەر).

دېمەك، خاۋارىج بولۇش ئۈچۈن قەدىمكى ۋە ئاخىرقى زامانىدىكى بار ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق تېپىلىشى شەرت ئەمەس. «خاۋارىجلار ئەلى رضي الله عنه نىڭ زامانىسىغىلا خاس» دېيىش ھەدىسكە ۋە ئىجماغا خىلاپ، بىدئەت ۋە ئازغۇن سۆزدۇر.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

## يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

### ئەبۇ جەھلىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رضي الله عنه مۇنداق دېگەن: «بەدر كۈنى مەن سەپتە تۇرۇۋاتاتتىم، شۇنداق قارىسام ئوڭ يېنىمدا بىر، سول يېنىمدا بىر ئەنسارى يىگىت پەيدا بولدى. گويا مەن بۇلاردىن ئەمىن بولالمىغاندەك بولدۇم. ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن يوشۇرغاندەك قىلىپ: <ئى تاغا! ماڭا ئەبۇ جەھلنى كۆرسىتىپ قويغان بولسىڭىز> دېدى. مەن ئۇنىڭغا: <ئىنىم، ئۇنى نېمە قىلىسەن؟> دېسەم، ئۇ: <ئاڭلىشىمچە ئۇ (مەككىدە) رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەزىيەت بەرگەنىكەن، خەپ! بۇگۈن ئۇنى كۆرۈپلا قالىدىغان بولسام ئىككىمىزنىڭ بىرى ئۆلۈم شارابىنى ئېتىمىغۇچە ئۇنى قاچۇرۇپ قويمايمەن> دېدى. مەن بۇ يىگىتنىڭ جاسارىتىگە ئەجەبلىنىپ تۇرسام، مېنى يەنە بىرى نوقۇدى ۋە ئالدىنقىسىغا ئوخشاش بىر گەپنى دېدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئەبۇ جەھلنىڭ دۈشمەن توپى ئىچىدە ئوڭ-سولغا قاتراپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم-دە، ھېلىقى ئىككى يىگىتكە: <كۆردۈڭلارمۇ، ئەنە ئاۋۇ سىلەر ئىزدەۋاتقان ئادەم شۇ!> دەپ ئەبۇ جەھلنى كۆرسىتىپ قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ ئەبۇ جەھل بار تەرەپكە ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى ۋە ھەر ئىككىيلەن ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇرۇپ يىقىتتى. ئاندىن قايتىپ كېلىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە مەلۇم قىلىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇنى قايسىڭلار ئۆلتۈردۈڭلار؟> دەپ سورىغانىدى، ھەر ئىككىسى: <ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ئۆلتۈردۈم> دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئىككىڭلار قىلىچىڭلارنى سۈرتتۈڭلارمۇ؟> دەپ سورىۋىدى، ئۇلار: <ياق> دېيىشتى. بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنىڭ قىلىچلىرىغا قاراپ: <ھەر ئىككىڭلار تەڭ ئۆلتۈرۈپسىلەر> دېدى ۋە (ئۇرۇشتىن كېيىن) ئەبۇ جەھلدىن ئولجا ئېلىنغان نەرسىلەرنى مۇئاز ئىبنى ئەمر ئىبنى جەمۇھ (مەزكۇر ئىككى يىگىتنىڭ بىرى)گە بۇيرۇپ بەردى».

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: [مۇئاز ئىبنى جەمۇھ: «مەن قەۋمىمنىڭ <ئەبۇ جەھل خۇددى بۈك-باراقسان دەرەخزارلىق ئارىسىدا تۇرۇۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ يېنىغا بارغىلى بولمىغۇدەك> دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم چۈنكى ئەبۇ جەھلنى قوغداش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈرۈۋاتقان مۇشرىكلارنىڭ قىلىچ-نەيزىلىرى بۈك-باراقسان دەرەخزارلىققا ئوخشىتىلغان ئىدى. كىشىلەر: <ئەبۇلھەكەم (يەنى ئەبۇ جەھل)گە يېقىنلاشقىلى بولمىغۇدەك> دېيىشتى»].

ئەمر ئىبنى جەمۇھ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەبۇ جەھلنى نىشانلاپ شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ كۈچەپ بىرنى ئۇردۇم، بۇ زەربىدىن ئۇنىڭ پۇتى پاچىقىنىڭ يېرىمى بىلەن قوشۇلۇپ خۇددى بولقا ئاستىدىن ئۇچۇپ كەتكەن ئۇرۇقچىغا ئوخشاش ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئاندىن ئەبۇ جەھلنىڭ ئوغلى ئىكرىمە مېنىڭ بويۇن تەرىپىمگە بىر قىلىچ ئۇرۇپ قولۇمنى ئۈزۈۋەتتى، ئازغىنە قىسمىنى بېقىنىمنىڭ ئازراق تېرىسىلا تۇتۇپ ئېسىلىپ قالدى. جەڭ ماڭا ئۇنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇلدۇردى. مەن پۈتۈن بىر كۈن جەڭ قىلدىم، قولۇم راستىنلا كەينىمدە سۆرۈلۈپ تۇراتتى. (قولۇم ساڭگىلىۋېلىپ) مۇشەققەت بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى پۇتۇمنىڭ ئاستىغا قويۇپ دەسسەپ ئۈزۈۋەتتىم. ئاندىن ئەبۇ جەھل يېرىم جان ھالىتىدە تۇرغىنىدا ئەفرانىڭ ئوغلى مۇئەۋۋىز ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتتى-دە، ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇرۇپ جان تالاشقان ھالىتىدە تاشلاپ قويدى.

(ئاندىن) مۇئەۋۋىز تاكى شەھىد قىلىنغانغا قەدەر جەڭ قىلدى».

ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ: «ئەبۇ جەھلنىڭ قانداق بولغانلىقىغا كىم قاراپ باقىدۇ؟» دېدى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنى ئىزدەپ ھەر تەرەپكە قارىدى. بىر چاغدا ئۇنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه تېپىۋالدى. ھالبۇكى، ئۇ ئاخىرقى نەپەسلىرىدە جان تالىشىۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه ئۇنىڭ گەجگىسىگە دەسسەپ بېشىنى كېسىۋېلىش ئۈچۈن قولى بىلەن ساقىلىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ: «الله سېنى شەرمەندە قىلدىمۇ ئى الله نىڭ دۈشمىنى؟!» دېگەندە، ئەبۇ جەھل: «نېمىگە شەرمەندە بولاتتىم، سىلەر مەندىن كاتتا ئادەمنى ئۆلتۈرگەنمۇ؟ (ياكى <سىلەر ئۆلتۈرگەن ئادەملەردىن مەندىنمۇ كاتتا كىم بار؟> دېدىمۇ رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ ئېسىدە يوق)» دېدى ۋە يەنە: «كاشكى مېنى دېھقاندىن باشقا بىرەيلەن ئۆلتۈرسىچۇ!» دېدى. ئۇ يەنە بىردەم توختىۋالغاندىن كېيىن: «ئېيتە! بۈگۈن ئاخىرقى ھېسابتا كىم غەلىبە قىلدى؟» دەپ سورىۋىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه: «كىم غەلىبە قىلاتتى، الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى غەلىبە قىلدى ئەلۋەتتە!» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه غا: «ئى پادىچى بالا، سەن ھازىر ھەقىقەتەن شەرەپلىك كىشىنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ تۇرۇۋاتىسەن» دېدى.

ئەسلىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه مەككىدە ئىجارىگە قوي باقاتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه بىلەن ئەبۇ جەھل ئارىسىدا يۇقىرىقى سوئال-جاۋابلار بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئەبۇ جەھلنىڭ بېشىنى ئۈزۈۋالدى ۋە ئۇنى كۆتۈرۈپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مانا بۇ الله نىڭ دۈشمىنى ئەبۇ جەھل ئىبنى ھىشامنىڭ كاللىسى» دەپ يەرگە تاشلىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «الله يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر!» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرار-تەكرار دېدى. ئاندىن الله قا ھەمدە ئېيتىپ: «الله أكبر! گۈزەل مەدھىيە ۋە ھەمدۇ-سانالار الله قا خاستۇر، ئۇ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، ئۇ بەندىسىگە (ماڭا دېمەكچى) ياردەم بەردى، كۆپ قوشۇننى ئۆزى يالغۇز مەغلۇپ قىلدى. يۈر! ئۇنى (ئەبۇ جەھلنى دېمەكچى) ماڭا كۆرسەتكىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە بېرىپ ئۇنى كۆرسىتىپ قويغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «بۇ ئەبلەخ مۇشۇ ئۈممەتنىڭ فىرئەۋنى ئىدى» دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رضي الله عنه بىلەن ئەبۇ جەھلنىڭ جان تالىشىۋاتقان ۋاقتىتىكى يۈز بەرگەن دىئالوگلاردا تەسىرلىك ئىبرەت باردۇر. مەككىدە مۇسۇلمانلارغا قاتتىق ئەزىيەت بېرىدىغان بۇ زوراۋان ئۆزى ئەزىيەت بەرگەن كىشىلەر ئالدىدا خار ھالدا يېقىلغان ئىدى. الله تبارك وتعالى ئەبۇ جەھلنى يېرىم جان ھالدا قالدۇرۇپ ھاياتىنى ئۆزى بوزەك ئەتكەن كىشىلەردىن بىرىنىڭ قولىدا ئاخىرلاشتۇرۇشنى خالىغان ئىدى. ھەقىقەتەن ئەبۇ جەھل ئۇچىغا چىققان زوراۋان ۋە تەكەببۇر ئىدى، ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى ۋاقتىلىرىدا خار ھالدا يېقىلدى.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئەبۇ جەھلنىڭ بېشىنى ئۈزمەكچى بولغان ۋاقتىتا، ئەبۇ جەھل ئۇنىڭغا: <ئى پادىچى، ئەرزىمەس پادىچى! سەن شەرەپلىك بىر كىشىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇۋاتىسەن> دېگەن ئىدى».

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)





## سەۋر

### ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

سەۋر نېمە؟ ئارغىماق ئات، ئېسىل ئۇلاغ،
مىنگەن كىشى ھېچ يولدىن ئازمايدىغان.
سەۋر گويا ئۆتكۈر قىلىچ، غالىب قوشۇن،
جەڭگاھلاردا ھەرگىز مەغلۇپ بولمايدىغان.

مەيلى ئابىد، مەيلى ئالىم - پېشىۋالار،
سەۋر بىلەن يەتكەن ئالىي نىشانلارغا.
ئۆتۈۋقلارغا ئاساس بولۇپ غەيرەت، سەۋر،
كۈچ بېرىدۇ بارچە ئامال - ئىمكانلارغا.

ھاياتلىقتىن پايدا ئالماس ھېچبىر ئىنسان،
گەر بولمىسا قەلبلەردە چىدام - سەۋر.
بۇڭا كۆپتۇر تارىخلاردا ئىبرەت - ساۋاق،
ھەم دەلىلدۇر قۇرئاندىكى سۈرە ئەسىر.

سەۋر بىلەن قىلساق تائەت ھەم ئىبادەت،
لازىم تۇتۇپ سالىھ ئەمەل، ۋاجىباتنى.
رەب بېرىدۇ مەغفىرەت ۋە ساۋاب - ئەجىر،
ئاخىرەتتە سائادەتلىك بىر ھاياتنى.

مەيلى جەڭدە، مەيلى رىبات، يا تۇرمۇشتا،
سەۋر قىلماي يېڭەلمەيمىز مۇشكۈلاتنى.
سەۋرسىزلىك شەيتان ئىشى بۇرادەرلەر،
رەببىمىزگە ئېيتايلى غەم، دەرد - پەريادنى.

نى زۇلۇمغا شاھىد بولدۇق ۋەتەنلەردە،
ھىجرەت ئۈچۈن ئورمان، دېڭىز، تاغلار كەچتۇق.
مانا بۈگۈن رەببىم بەردى ھىجرەت - جىھاد،
يۈز مىڭ شۈكۈر، بۇ نېئمەتكە قانداق يەتتۇق!؟

دىن يولىدا جانلار كەتتى، قانلار ئاقتى،
تاشلاپ كەتتى دوستلىرىمىز شەھىد بولۇپ.
دۇئالىشىپ، سورۇنلىشىپ ئولتۇرغانلار،
كېتىپ قالدى جەڭگاھلاردا بىزنى قويۇپ.

سەۋر قىلدۇق جاپالارغا رەب يولىدا،
چۈنكى سەۋر گۈزەل ئىكەن ماھىيەتتىن.
غايىلەرنىڭ ئاچقۇچىدۇر چىدام - سەۋر،
ئەگەر بولسا ساپ قەلب ھەم چىن نىيەتتىن.

بۇ ھاياتتا كەلمەس دائىم غەلبە - خۇشلۇق،
بەزى كېلەر مەغلۇبىيەت، قايغۇ - غەملەر.
گەر بولمىساق سەۋر بىلەن بىز ھەمنەپەس،
غالىب كېلەر ئۈستىمىزدىن دەرد - ئەلەملەر.

جاپا چېكىپ، ھىجرەت قىلىپ، جىھاد قىلىپ،
ئوقلار ئېتىپ، قانلار كېچىپ جەڭگاھلاردا.
سەۋر قىلماي قويۇۋەتسەك نەپسىمىزنى،
بىز قالامدۇق ئىككى دۇنيا «ئاھ! ئاھ!»لاردا.

دۇئا قىلىپ كۆپ تىلەيلى جان دوستلىرىم،
رەب قوشمىسۇن بىزنى قاچقۇن - غاپىللارغا.
ھەر مۇشكۈلگە سەۋر قىلساق ھەق يولىدا،
الله ھەمراھ سەۋر قىلغان سابىرلارغا.

## يەھيانىڭ ئارزۇسى

(ھېكايە)

يەھيا بۇ يىل 12 ياشقا كىردى. ئۇ قارىيلار مەدرىسىنىڭ ياخشى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، دەرس ۋە چېنىقىش پائالىيەتلىرىدىكى ئىپادىسى ياخشى، قېرىنداشلىرى بىلەن ناھايىتى ئىتتىپاق، مەدرىسىنىڭ تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان بالا ئىدى. إن شاء الله كەلگۈسىدە ئۈممەت ئۈچۈن يارامىلىق بىر مۇجاھىد بولۇپ چىقىشىدا ئۈمىد بار ئىدى.

يەھيا بۇ يىل رامىزانلىق دەم ئېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە قايتتى. ماشىنىدىن چۈشۈپلا بىر مەھەللىلىك ساۋاقداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى ۋە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قەلبىدە ئويلاپ كېلىۋاتقان ئارزۇسىنىڭ بۈگۈن ئەمەلگە ئېشىشىنى ئويلاپ، ئۆزىچە پىسسىڭدە كۈلۈپ قويۇپ، ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى.

— كىم؟ — دېدى يەھيانىڭ سىڭلىسى مەرزىيە ئۆينىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۇنلۇك ئاۋازدا.

— مەن يەھيا ئاكىڭىز، ئىشىكنى ئېچىڭ ئوماق، — دېدى يەھيا مۇلايىملىق بىلەن.

— يەھيا ئاكام كەپتۇ، يەھيا ئاكام كەپتۇ... دېگىنىچە سىڭلىسى خۇشاللىق ئىچىدە ئىشىكنى ئاچتى. يەھيا ئۆيىگە كىرىپ مېھرىبان ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن بىر قۇر تەپسىلىي ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن دادىسىنى سورىدى. ئانىسى:

— دادىڭىز تۈنۈگۈن رىباتقا كەتتى بالام، سىزنى كېلىپ قالسا كۆرۈشۈپ ماڭىمەن دېگەن ئىدى لېكىن سەل كېچىكىپسىز، الله خالىسا ئىككى ھەپتىلەردە كېلىپ قالار، — دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان يەھيا:

— ھە، الله خاتىرجەم قىلار، — دېدى سەل سۇلغۇن ئاۋازدا. ئاندىن دادىسىنىڭ ئاسقۇغا ئېلىپ قويغان كونا ئەسكىرىي جىلىتكىسىنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈشكە باشلىدى.

مانا ھەش-پەش دېگۈچە ئارىدىن 10 كۈن ئۆتۈپ كەتتى. يەھيانىڭ كۈنلىرى قېرىنداشلىرى بىلەن جەڭ ئويۇنلىرى ۋە پۇتبول ئويناش، جىھادىي، ئىسلامىي فىلىملەرنى كۆرۈش، ئانىسىنىڭ بەزى ئىشلىرىغا ياردەملىشىش بىلەن زېرىكىش تۇيۇلماي تېزلا ئۆتۈپ كەتتى لېكىن دادىسى تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى. دادىسى بىلەن بىر گورۇپپىدىكى بىر نەچچە بۇرادەرلەر كەلدى. ئۇلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈۋېدى، ئۇلار يەھيانىڭ دادىسىنىڭ ھازىر ساق-سالامەت ئىكەنلىكىنى، الله خالىسا نەچچە كۈنگە قالماي كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ — جەڭ مەيدانى، يارىلىنىدىغان، شەھىد بولىدىغان ئورۇن. ناۋادا دادام يارىلانغان بولسا سەبداشلىرى ماڭا ھازىرچە دېمەيلى دېگەنمىدۇ؟ ياكى كەلمەسلىكتە باشقا سەۋەب بارمىدۇ؟

يەھيا بەزىبىر ئويلارنى ئويلاپ ئاخىرىدا «الله تەقدىر قىلغان ئىش چوقۇم بولىدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى ئېسىگە ئالدى-دە، مەسجىدكە قاراپ ماڭدى.

دېگەندەكلا ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ يەھيانىڭ دادىسى رىباتتىن قايتىپ كەلدى. يەھيا:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دادا! قانداق ئەھۋالىڭىز؟ رىباتتىكى بۇرادەرلەر ياخشىمۇ؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى. دادىسى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! قەدىرلىك ئوغلۇم، الحمدلله، الله قا شۈكرى، ھەممەيلەن ياخشى، بۇرادەرلەرمۇ تىنچلىق، ھەممىڭلارغا سالام ئېيتتى، — دەپ جاۋاب بەردى. يەھيا:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! الله ئۇلارنىڭ قەدەملىرىگە دائىم سابىتلىقنى بەرسۇن! بۇ نۆۋەت سىزنى بەكمۇ سېغىنىپ كەتتىم دادا! كېلىشىڭىزگە بەكمۇ تەشنا بولدۇم، — دەپ سېغىنىشقا تولغان كۆزلىرىنى دادىسىغا تىكتى. دادىسى:

— مەنمۇ سىلەرنى سېغىندىم، لېكىن ئەسكىرىي ئىنتىزام ھەممىدىن مۇھىم چۈنكى بۇ — ئۈممەتنىڭ خاتىرجەملىكىگە تاقىلىدىغان زۆرۈر مەسىلىلەرنىڭ بىرى، ئوغلۇم، — دېدى. يەھيا:

— ئەلۋەتتە شۇنداق دادا، الله ئەجرىڭىزنى ھەسسىلەپ بەرسۇن! ئامىن، — دەپ دادىسى بىلەن بىر قۇر تەپسىلىي ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ بۇ نۆۋەت سەل ئالدىراش كەلگەنلىكىنى بىلىپ ئازراق جىددىيلىشىپ سورىدى:

— دادا! ئۆتكەندە سىزنىڭ ماڭا قىلغان ۋەدىڭىز يادىڭىزدىمۇ؟

— تازا ئېسىمگە ئالالمىدىمغۇ ئوغلۇم، — دەپ جاۋاب بەردى دادىسى. يەھيا:

— سىز بەك ئالدىراش شۇڭلاشقا ئۇنۇتقانسىز. ناۋادا مەن قۇرئاننىڭ 15 پارىسىنى يادلاپ بولسام... — دېيىشىگە، دادىسى:

— ھە! ئەمدى ئېسىمگە كەلدى ئوغلۇم، ئەلۋەتتە ۋەدەم ۋەدە، ئىجرا قىلىنىدۇ إن شاء الله، — دېدى. يەھيا:

— ئۇنداقتا بۈگۈنلا بارساق بولامدۇ دادا؟

— دېگەن ئىدى، ئانىسى:

— بۈگۈن دادىڭىز چارچاپ كەلگەندە ئارام ئالغىلى قويۇڭ بالام، — دېدى.

— مەيلى، بۈگۈن بارساق بارايلى! الله خالىسا ئەتە بەك مۇھىم ئىشىم بار شۇنداقلا ئەتە قايتىپ قېلىشىم مۇمكىن، — دېدى يەھيانىڭ دادىسى.

— بىر نەچچە كۈن ياخشىراق ئارام ئېلىپ قايتمامسىز؟ — دەپ سوراشتى ئۆيدىكى ھەممەيلەن. دادىسى:

— ياق، بالىلىرىم! بۇ — مۇبارەك، بەرىكەتلىك، ئۇلۇغ رامىزان ئېيى. بۇ ئايدىكى رىباتنىڭ ئەجرى خۇددى مۇشۇ بەرىكەتلىك ئايغا ئوخشاشلا كاتتا ۋە قاتمۇقات، ھېسابسىز بولىدۇ شۇڭلاشقا مەنمۇ ئاشۇ بۈيۈك ئەجىرلەرگە ئېرىشەي دەپ بۇ ئايدا تولۇق رىباتتا تۇرۇشقا نىيەت قىلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى. ھەممەيلەن:

— الله ئاشۇ كاتتا مۇكاپاتلارنى بارلىق مۇجاھىدلارغا نېسىپ قىلسۇن!.. ئامىن، — دېيىشتى. يەھيا:

— دادا، سىز تامىقىڭىزنى يەپ بولغۇچە قورالنى چۈۋۈپ قۇراشتۇرغاچ تۇرايمۇ؟ — دېدى. دادىسى:

— قانداق!؟ چۈۋۈپ قۇراشتۇرالامسىز ئوغلۇم؟ — دەپ سورىغانىدى. يەھيا:

— قورالنى بار قېرىنداشلىرىمنىڭ چۈۋۈپ قۇراشتۇرغىنىنى كۆرگەن ئىدىم، ناۋادا خاتا قىلسام تۈزىتىپ قويارسىز دادا، — دەپ جاۋاب بەردى.

— بولىدۇ! — دېدى دادىسى.

يەھيا قورالنى ئېلىپ ئوقسىزلاندۇرۇپ چۈۋۈشقا باشلىدى، پەقەت قورالنىڭ زىخنى چىقىرىشنى ئۇنتۇپ قالغاندىن باشقا مەشغۇلاتلار توغرا ئىدى. يەھيانىڭ دادىسى ئۇنىڭغا مەمنۇنلۇق بىلەن قاراپ، تېخىمۇ ئۆلچەملىك ۋە تېز قىلىشقا، تىرىشىشقا مەدەت بەردى.

ئۇلار ئۆيدىن چىقىپ مەھەللىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ئوق ئېتىش مەيدانىغا قاراپ ماڭدى. دادىسى:

— قارا ئوغلۇم! سېنىڭ تەلىيىڭگە تېخى يېقىندىلا مەشىق مەيدانىغا يېڭى نىشان تاختىسى بېكىتىپ ياخشىلىغان ئىدۇق شۇڭا بۈگۈن تازا پۇخادىن چىققۇچە ئېتىۋالىدىغان بولدۇڭ-دە، — دېدى. يەھيا:

— الله قا شۈكرى دادا، ياخشى ئىشقا قىلىنغان نىيەتنىڭ مېۋىسى نېمىدېگەن ياخشى-ھە! الله ھەممىڭلارنىڭ ئەجرىنى بەرسۇن، — دەپ خۇشال ھالدا مەشىق مەيدانىغا يېتىپ كەلدى ۋە دادىسىغا:

— دادا! ماڭا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئىككى خىل ئوق ئېتىش شەكلىنى ۋە ياخشى قارىغا ئېلىشنى ئۆگىتىپ، بىر مەخسەن ئوقىڭىزنى ئاتقۇزۇپ قويۇڭ! الله جىھادىڭىزغا بەرىكەت بەرسۇن دادا! — دېدى. دادىسى:

— بولىدۇ ئوغلۇم، مەن ھازىر سىزگە ئاساسلىق بىر ھەرىكەتنى ئۆگىتىپ قوياي. قالغان ھەرىكەتلەرنى إن شاء الله ئۆلچەملىك مۇئەسكەر ئالغان چاغدا تولۇق ئۆگىنىڭ، بولامدۇ؟ — دېدى. يەھيا:

— بولىدۇ دادا، شۇنداق قىلايلى ئەمىسە، — دەپ تەييارلىق ھالىتىدە تۇردى.

دادىسى ئۇنىڭغا ياخشى تۇرۇش ۋە ئۆلچەملىك ئوق ئېتىشنى ئۆگەتتى، ئۇمۇ تېزلا ئۆگىنىۋالدى. يەھيا ئاتقان ئوقلىرىنىڭ خېلىلا ياخشى تەگكەنلىكىنى كۆرۈپ بەكلا خۇشال بولدى. دادىسىمۇ مەمنۇنىيەت، سۆيۈنۈش ۋە ئۈمىد ئارىلاشقان بىر ئىللىق كەيپىياتتا ئوغلىغا قاراپ خۇرسەن بولدى. يەھيا:

— دادا، مەن ئەمدى پات-پات ئوق ئېتىشنى مەشىق قىلىپ تۇرۇشۇم كېرەك چۈنكى بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنۇ ھەدىسى بار:

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىپ، ئاندىن ئۇنى (داۋاملاشتۇرماي) تاشلىۋەتسە، ئۇ بىزدىن ئەمەس» ياكى «گۇناھكار ھېسابلىنىدۇ» (مۇسلىم توپلىغان).

— ھە! ئەقىللىق ئوغلۇم، ئۆزۈڭنىڭ ئوق ئېتىش خۇمارىڭنى بۇ ھەدىس بىلەن شەرئى دەلىلگە ئىگە قىلدىڭ-دە، بولىدۇ! بۈنىڭدا چاتاق يوق، پەقەت سەن تىرىشساڭلا، ناۋادا، الله ماڭا شاھادەت نېئمىتىنى بېرىپ شەھىد بولۇپ كەتسەم، بۇ قورالنى سەن ئاسىسەن. ئەگەر سەن قۇرئاننى تولۇق يادلاپ تاماملىساڭلا شەھىد بولالماي قالسام ساڭا بىر تال ئەسكىرىي قورال ئېلىپ بېرىمەن إن شاء الله. بۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان كىچىككىنە مۇكاپاتىم، ھەقىقىي كاتتا مۇكاپات ۋە بۈيۈك ئەجىرلەرنى رەببىمىز الله بېرىدۇ، — دېدى.

مانا ئەمدى يەھيا الله نىڭ ھەقىقىي جەڭچىسىگە ئايلىنىپ، قەدەملىرى جەننەتكە تېخىمۇ يېقىنلاشقاندەك بىر شېرىن ۋە ئەھمىيەتلىك تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ، تېتىك، روھلۇق ۋە قىزغىنلىق بىلەن گۈزەل كەلگۈسى، پارلاق مەنزىلى، شانلىق غەلىبىسىگە قاراپ يولغا چىقتى.

## پەيغەمبەر تېبابىتى
## بىلىۋېلىڭ-ئېلىۋېلىڭ

### ئاچچىقسۇ (خَلٌّ)

ئاچچىقسۇ ھۆللۈك ۋە ھارارەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ سوغۇقلۇقى زىيادىرەك. ئۇ ئۈچىنچى دەرىجىلىك قۇرغاق، قۇرۇتۇشى كۈچلۈك، ماددىلارنىڭ قوشۇلۇشىنى توسايدۇ، تەبىئەتنى يۇمشىتىدۇ.

ئۇنىڭدىن بولغان ئاچچىقسۇ ئاشقازان ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ، سەپرانى يوقىتىدۇ، دورىلارنىڭ زىيانلىق تەرىپىنى يوقىتىدۇ. قان، سۈت قورساقتا قېتىۋالسا راۋانلاشتۇرىدۇ. تالغا پايدا قىلىدۇ، ئاشقازاننى سىلىقلايدۇ، قەۋزىيەتكە پايدا قىلىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ، قالايمىقان ئىششىقنى چەكلەيدۇ، ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ، بەلغەمنى كېسىدۇ، قاتتىق يېمەكلىكلەرنى يۇمشىتىدۇ، قاننى ئېرىتىدۇ.

ئاچچىقسۇنى تۇز بىلەن ئىچسە باكتېرىيىنى ئۆلتۈرىدۇ، ئۇنى ئوتلاپ ئىچسە گالغا چاپلىشىپ قالغان قان پارچىسىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. ئۇنى قىزىتىپ ئېغىز چايقىسا چىش ئاغرىقىغا پايدا قىلىپ چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ.

ئاچچىقسۇ سەينۇگە (چىقان)، قىچىشقاق، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق ۋە ئوتنىڭ كۆيۈكىگە چېپىلسا (سۈرۈلسە) ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. ئۇ ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ئاشقازاننى ياخشىلايدۇ، ياشلارغا ۋە ئىسسىق رايونلاردىكى كىشىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.